
# شىنجاڭ گېزىتى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۈتاش
نومۇرى: CN 65 — 0002 /Z

新疆日报
（维·文）

«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى نەشر قىلدى (ۋەكالەت نومۇرى: 1 — 57)

1996 - يىل 10 - ئاينىڭ 11 - كۈنى (جۈمە) (بۇ سان ئالتە بەت)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6-ئومۇمىي يىغىنى 1996-يىل 10-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 10-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئومۇمىي يىغىنغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن جياڭ زېمىن، لى پېڭ، چياۋشى، لى رۈيخۇەن، جۇرۇڭجى، ليۇخۇاچىڭ، خۇجىنتاۋ قاتناشتى.

شىنخۇا ئاگېنتلىقى فوتوسى

# ج ك پ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاخباراتى

(1996 - يىل 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ج ك پ 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 6 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماقۇللاندى)

## ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى، ئومۇمىي يىغىندا باش شۇجى جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى

## ئومۇمىي يىغىن «ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە دائىر بەزى مۇھىم مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى»نى قاراپ چىقتى ھەم ماقۇللىدى

## ئومۇمىي يىغىن «پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15- قۇرۇلتىيىنى ئېچىش توغرىسىدا قارار»نى قاراپ چىقتى ھەم ماقۇللىدى، پارتىيىنىڭ 15- قۇرۇلتىيىنى كېلەر يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بېيجىڭدا ئېچىشنى بېكىتتى

## ئومۇمىي يىغىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھەممە بىر نىيەتتە يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلەپ، پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشىنى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋېلىشقا چاقىردى

بۇ قېتىمقى يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىدىن 181 كىشى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ كاندىدات ئەزالىرىدىن 124 كىشى قاتناشتى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە ئالاقىدار ساھەلەرنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى.

ئومۇمىي يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى رىياسەتچىلىك قىلدى. يىغىندا مەركىزىي كومىتېتنىڭ باش شۇجىسى يولداش جياڭ زېمىن مۇھىم سۆز قىلدى.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 18 يىلدا دۆلىتىمىز دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان تارىخىي زور بۇرۇلۇشنى ۋە كەسپلەرنىڭ زور تەرەققىياتىنى باشتىن كەچۈردى. مۇنداق تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىۋى لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن تۇرغۇزۇلغانلىقى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى يېڭىباشتىن تونۇشتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئاما ئارىسىدا بول. ئېچىپ ئىلگىرىلەشتەك ئىجادچانلىق روھىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى ۋە

گەۋدىلىك ئورۇنغا ھەقىقىي قويۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يەنىمۇ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزم جەمئىيىتى ئومۇميۈزلۈك راۋاجلىنىدىغان، ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت ماس راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئىش، بىز ئىلىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش قىلىدىغان، تۈپ ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئىسلاھات،



# ۋەتەننى قىزغىن سۆيىمەن

(نەسىر)

ئېلى توختى

گــۈزەل ئــەخلاق ھەققىدە گەپ بولۇنسا، كىشىلەر كۆز ئالدىغا ئىنتايىن كۆپ ئۆلچەملەرنى كــەلتۈرىدۇ. بۇلار ئىچىدە قەدىمدىن تارتىپ كىشىــلــەر نــەزەرىدە ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ قەدىرلىك بولۇپ كېلىۋاتقىنى، بايلىق ـ مەرتىۋە ئالدىدا يولدىن ئازماسلىق، دۆلەتمەن بولغاندا چىرىكلەشمەسلىك؛ نامراتلىق ئالدىدا تەۋرىنىپ قالماسلىق، ھەرۋاقىت ئاۋۋال ئەلنىڭ غېمىنى يېيىش؛ باتۇرلۇق، پىداكارلىق، ئىشچانلىق، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچىپ، جــان ـ دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن ئىشلەش قــاتــارلــىقلار بولسىمۇ، مەن ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشنى ئەڭ يارقىن، ئەڭ قىممەتلىك ئەخلاق دەپ قارايمەن!

× × ×

بىر پىشىل يوپۇرماق باھار تۇسىنى ئۆزىدە نامايان قىلالايدۇ، لېكىن ئۇ، شېخى ۋە مۇنبەت تۇپراقتىن مەھرۇم بولىدىكەن، شۇ ھامان قۇرۇپ غازاڭ بولىدۇ. بىر تامچە سۇ قۇياشنى ئەكس ئــەتتــۈرەلەيدۇ، لېكىن ئۇ دەريا ـ دېڭىزدىن ئــايرىــلــىدىــكەن، شۇ زامات مەۋجۇتلۇقىنى يوقىتىدۇ. مەن بىر يوپۇرماق، بىر تامچە سۇ، بىر مايسا. ۋەتەن ـ ئىللىق، مۇنبەت تۇپراق، تۈگىمەس، قۇرىماس ئۇلۇغ ئوكيان، مەن نەپەس ئېلىۋاتقان ھاۋا ۋە ماكان. شۇڭا ئۆزۈمگە دائىم: ئۆزۈڭنىڭ قەدىردان ۋەتەن بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇما، ۋەتەننىڭ ساڭا نېمە بەرگەنلىكىنى سورىماي، ئۆزۈڭنىڭ نېمە قىلىپ بەرگەنلىكىڭنى سورا! ۋەتەندىن ئــالغىنىڭ قانچىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىرىشقىن ـ تىرماشقىن يۈز ھەسسىلەپ، مىڭ ھــەسســلــەپ قايتۇرۇشقا دائىما! ۋەتەن مەن ئــۈچــۈن ھاياتلىق مەنبەسى، گۈزەل ئارزۇ ـ تىلەك، بەخت ـ سائادەت مۇجەسسەملەنگەن پاناھگاھ! ئەگەر بارلىق گۈزەل ئەخلاق، ئالىي پەزىلەت ئۇنىڭدىن چەتنەيدىكەن، قىممىتىنى ۋە ئــەھمىيىتىنى يوقىتىدۇ. ئۇ ئۇلۇغ ۋەتەن، شــۇ ئــىللــىق ، مۇنبەت تۇپراق بىلەن زىچ باغلانغاندىلا، تاڭ شەپىقىدەك يارقىن نۇرلىنىدۇ، كەڭ تارقىلىدۇ، چەكسىز ھاياتىي كۈچى، رولىنى نامايان قىلىدۇ.

× × ×

ئــۇلۇغ پېشۋالىرىمىزدىن سۇن جۇڭشەن ئەپەندى: «ئادەم بولۇشتىكى ئەڭ زور ئىش-ۋەتەننى قانداق سۆيۈشنى بىلىش» دېگەنىدى. مــاۋزېــدۇڭ «بەشنى سۆيۈش» نى ئوتتۇرىغا قويغاندا، «ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش»نى ئەڭ بېشىغا ئالغانىدى. دېڭ شياۋپىڭ: «مەن جۇڭگو خــەلقىنىڭ ئوغلى، مەن ۋەتەن ۋە خەلقىمنى چوڭقۇر سۆيىمەن» دېگەن. دېمەك، ئادەم ئۆزى ئــۈچــۈن يــاشىمايدۇ، بەلكى ۋەتىنى ئۈچۈن يــاشايدۇ. دۆلىتىنى سۆيمىگەن بىر مىللەتتىن ھېچقانداق ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بولمىغان بىر ئارمىيىدىمۇ ھېــچقانداق جەڭگىۋارلىق بولمايدۇ. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش بىر خىل چوڭقۇر مۇھەببەت بــولــۇپلا قــالماستىن، بەلكى گۈزەل ئەخلاق مىزانى. كىشىلەر ھەمىشە بىرەر سىياسىي پارتىيە، بىــرەر گــۇرۇھ، بىــرەر مــىلــلــەتنىڭ سۈز ـ ھەرىكىتىنى ئۆلچەشتە ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش-ســۆيمەسلىك، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە تۆھپە قــوشۇش ـ قوشالماسلىقنى ئەخلاق ئۆلچىمى قــىلىدۇ؛ بىر دۆلەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاقىغا خــەلقىنىڭ ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىغا قاراپ باھا بېرىدۇ. مېنىڭچە، گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئەڭ ئاساسى، ئەڭ مىغىزلىق مەنىسىمۇ شۇ!

× × ×

بۈگۈنكى دۇنياغا نەزەر سالىدىغان بولساق، دۇنيا تازىمۇ داۋالغۇش ئىچىدە تۇرماقتا. ۋەتىنىمىز پــۇرســەتنــى غــەنــيــمــەت بــلــىپ، «تۆتنى زامــانىــۋىــلاشتۇرۇش» قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت مۇستەھكەم ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش باسقۇچىغا دادىل قەدەم تاشلىماقتا. ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتىن ئىبارەت يارقىن، گۈزەل ئەخلاق يۈز مىليونلىغان ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا ئىلــھام بېــرىــدىــغان بايراق بولۇپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» تىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچىگە ئايلانماقتا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك، ئەڭ نېگىزلىك بۇ پەزىلىتى دۇنيا خەلقىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا! شۇڭا بىز ئەجدادلىرىمىز ئەينى چاغلاردا «ئەڭ گۈزەل ئەخلاق» بايىدا يالقۇنجاتقان مــەشــئــەلنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ ئۇلۇغ يــالقــۇنلــىشــى ئۈچۈن شام بولۇپ يېنىشىمىز، كۆيۈشىمىز كېرەك.

× × ×

مــەن ۋەتــىــنــىــمــنــى سۆيىمەن، ۋەتىنىمنىڭ بۈگۈننى سۆيىمەن، كەلگۈسىنى تېخىمۇ قىزغىن سۆيىمەن!




## ۋەتىنىم

سادادەتجان ھاجى

ۋەتىنىم كۆكنى سۆيگەن تاغلىرىڭدىن،
قەلبىمگە ئىشەنچ ئېلىپ ياشاپ كەلدىم.

## ئىككى شېئىر

ئايىسىمە ئىدرىس

**ئوقۇتقۇچى**

پەن بېغىنىڭ باغۋىنى بولۇپ،
ھۆسن قوشار مەكتەپ ھۆسنىگە.
قان ـ تەر تۆكۈپ بىر ئۆمۈر ئۇنىسىز،
گۈل چېكىدۇ ئەۋلاد قەلبىگە.

پۈتۈن مېھرى سىڭىپلا كەتكەن،
كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدلىرىگە.

**يېڭى مەكتەپ**

يېشىلغىنە ياتاق گۈللىرى،
كۆلۈپ تۇرار مەيدانلار ئارا.
تال چىۋىقنى ئويىنار ئات قىلىپ،

# پۇل، مال ـ دۇنيا بىر كۈنلۈك، ئىلىم، ھۈنەر ئۆمۈرلۈك.

ھۆسن خەتتى قۇدرەت قۇربان يازغان

## ۋەتەن ھەققىدە غەزەل

مۇھەممەت مۇسا

خۇشناۋا بۇلبۇل ئۆزۈم، مەنچۇن گۈزەل بوستان ۋەتەن،
شۇڭقار بولۇپ قاقسام قانات ئاچقاي قۇچاق ئاسمان، ۋەتەن.

نەگە بارسام تاشلىرىڭمۇ بولغۇسى ياستۇق ماڭا،
جانلىرىمنى يايرىتار زەپ گۈل ـ گىياھ، رەيھان، ۋەتەن.

مەن سېنىڭسىز بىر دەقىقە ياشىشىم مۇمكىن ئەمەس،
ساپ ھاۋايىڭ تەنلىرىمگە جان بېرەر ھەرئان، ۋەتەن.

سۆيگۈ ـ مېھرىڭ يۈرىكىمدە جۇش ئۇرار دولقۇن كەبى،
شۇ سەۋەبلىك شەرىپىڭگە پۈتىمەن داستان ۋەتەن.

مىڭ تەشەككۈر بەرگىنىڭگە ئايىماي تۇز ـ نان ۋەتەن.

تەڭدىشىڭ يوق بۇ جاھاندا، سەن سۆيۈملۈك مەن ئۈچۈن،
«سەن مۇقەددەس قىبلىگاھىم» دەيدۇ بۇ ۋىجدان، ۋەتەن.

ئانا يۇرت ـ مۇقام دىيارى قوينىدا قوۋناق ھايات،
دەۋرىمىزگە قۇت تىلەيدۇ بىر ئەمەس مىڭ جان، ۋەتەن.

ئىسلاھاتنىڭ گۈدۈگىنى ياڭرىتىپ، شانلار قۇچۇپ،
باستى ئالغا، ئەلنى ھەيران قالدۇرۇپ كارۋان، ۋەتەن.

ئەي ۋەتەن، سۆيگەن ئانامسەن ئاش يەنە سانسىز داۋان،
قالمىسۇن دىللاردا مەڭگۈ زەررىچە ئارمان، ۋەتەن!

قۇچىقىڭدا چىن بەختنىڭ پەيزىنى سۈردۈم خۇشال،

## كېلۇر

مۇسا ئەھەت

تىنچ ـ ئىناقلىق بولسا ئەلدە، ئەلگە ھېسابسىز شان كېلۇر.
مىڭ ئەسىر ياتقان قاقاسنىڭ قوينىغا بوستان كېلۇر.

يار قىلىپ چىن مەرىپەتنى ئىشقىنى بەرسە ئاڭا،
چاقنىتىپ كۆزنى جۇلاسى، كۆكتىن گۈزەل چولپان كېلۇر.

گەر ئىلىمدىن ئۆزگە يار تۇتساڭ ھەۋەسنىڭ دەشتىدە،

دىل پىغان سەھراسىدا كۆز يېشىڭ قىيان كېلۇر.

يىغلىساڭ ئەل دەردىگە، مۇڭداش بولۇپ پاك قەلبىگە،
ئەل، ئاۋام مېھرى ساڭا مەۋجى بىر ئوكيان كېلۇر.

مېھنىتىڭنى سىڭدۈرۈپ، ياسساڭ باغۇ ئىرەم،
گۈل ـ گىياھلار نازلىنىپ، بۇلبۇل كويى ـ داستان كېلۇر.

قان -تەر تۆكۈپ بىر ئۆمۈر ئۈنسىز،
گۈل چېكىدۇ ئەۋلاد قەلبىگە.

تۇرار كۈنلەپ دوسكا تۈۋىدە،
كۆمۈلەر بور توزانلىرىغا .
قايتا-قايتا سۆزلەپ هارماستىن،
چىراغ ياقار قاراڭغۇ دىلغا.

ئېھتىرامى گۈل - غۇنچىلارنىڭ،
تاۋلاپ تۇرار ئىرادىسىنى.
بالىلارغا ئۇلۇغ ئانىدەك ،
ھەردائىما سۇنار قولىنى.

ساختا شۆھرەت، مىننەت، تامالار،
تاشلىيالماس سايە كۆڭلىگە.

پىشلىغىنە يانتاق گۈللىرى،
كۆلۈپ تۇرار مەيدانلار ئارا.
تال چىۋىقنى ئۇيىنار ئات قىلىپ،
تەنەپپۇستا بەخىباش باللار،
يامىشىدۇ قىڭغايغان گارغا،
ئۇلار شۇنداق كۆڭلىنى ئاچار.

بور بولمىسا خەت يېزىپ يەرگە،
ئىنتىلىدۇ ئىلىم نۇرىغا.
ۋايىسمايدۇ ھېچكىم بىر ئېغىز،
گۈل چەككەنچە ھايات - يولىغا.
سۇۋاقلىرى چۈشكەن سىنىپتا،
بىر توپ ئۇماق، چاقناق يۇلتۇزلار،
جاسارەتكە تولماقتا بۇندا،
پەپىلىنىپ باغۋەن قولىدا.

ۋەتىنىم كۆكتىكى سۆيگەن تاغلىرىڭدىن،
قەلبىمگە ئىشەنچ ئېلىپ ياشاپ كەلدىم.
زوق ئېلىپ گۈزەل يايلاق، باغلىرىڭدىن،
سەن ئۈچۈن بارلىقىمنى ئاتاپ كەلدىم.

تەر تۆكۈپ باغرىڭغا مەن ئەجىر قىلدىم،
كۆكتە نۇر چاچقان بەخت يۇلتۇزۇمسەن.
ھەقىقىي يورۇقلۇقنى سەندە بىلدىم،
شەپەقسەن، قۇياشىمسەن، كۈندۇزۇمسەن.

ۋەتىنىم سېنى سۆيۈش بەختىم مېنىڭ.
ئارمىنىم كۆلەر سەندە جىلۋە قىلىپ.
ئاقلايمەن ئۈمىدىڭنى مەڭگۈ سېنىڭ،
ئىشقىڭدىن يۈرىكىمگە سۆيگۈ ئېلىپ.



## ۋەتەن سۆيگۈسى

**ياسىن ئىسمائىل**

ئانا جانىم سۆيۈملۈك ۋەتەن،
سۆيگۈ - مېھرىڭ قەلبىمدە پەۋەس.
بولغاچقا سەن ماڭا باش پاناھ،
قەددىم تاغدەك تۇرار زەبەردەس.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.

ھەممىمىزنىڭ جەننىتى ئۆزۈڭ،
بەخش ئېتىسەن دىللارغا خۇشلۇق.
باغرىڭدىكى ھەربىر مەنزىرە،

يۈرىكىمدە قوزغار ھەۋەس - زوق.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.


ئىپارھىدى چاچار دىماققا،
يېشىل چىمەن گۈزەل باغلىرىڭ.
غورۇرۇمغا قوشىدۇ غورۇر،
مەرد ئوغلاندەك ھەيۋەت تاغلىرىڭ.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.

دەريالىرىڭ شاقىراپ تىنماي،
تارىخىڭدىن سۆزلەيدۇ قىسسە.
بېشىم كۆككە تاقاشماس نىچۈن،
ھەر دەقىقەڭ مەنىلىك ئۆتسە؟!
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.

پەخىرلىنىپ ياشايمەن شۇڭا،
نامىڭ بىلەن ئەي ئەزىز ۋەتەن .
ھاياتتىكى شادلىق، غەم - قايغۇم،
تەقدىرداشتۇر قىسمىتىڭ بىلەن.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.

يۈرىكىمدە ئويغۇتار سۆيگۈ،
قۇچىقىڭدا ئۆتكەن ھەرمىنۇت.
ساڭا پەرزەنت بولۇپ ئۆتكىنىم،
مېنىڭ ئۈچۈن پۈتمەس ئامەت - قۇت.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.

زىكرى قىلىپ نامىڭنى دائىم،
ياشاپ كەلدىم بەختىڭنى كۆزلەپ.
مەغرۇر ياشاپ ئۆتكىن ئەبەدىي،
تاغلىرىڭدەك قەددىڭنى تىكلەپ.
بەختىم ئۈچۈن بول مەڭگۈ ئامان،
مېھرى ئۇتلۇق بۈيۈك پاسبان.



خېرىدار چاقىرىش
نۇردۇن ئابدۇسەمەت فوتوسى

## شېئىرلار

**ماخمۇت مۇھەممەت**

### يادىكار

يادىكار قالدى ماڭا،
ئالتۇن قەلەم سەندىن ئاتا.
ھەمدە خىسلەت، يۈكسىلىش
تاپماق ئىلىم -پەندىن ئاتا.

قەرزدارىڭمەن ئەبەد،
باققان جاپايىڭ ھەققىگە.
قايتۇرارمەن بىر ئۆمۈر،
جان كەتسىمۇ تەندىن ئاتا.

يادىكارىڭ مېھرىنى،
دىلغا تاڭدىم مەڭگۈگە.
تۆھپە، ئەجرىنى كۆرۈپ،
سەن رازى بول مەندىن ئاتا.

### دىلبىرىم - سەنئەت

چالغىنى تەمبۇرنى شوخ،
ناخشاڭغا مەن قالدىم كۆيۈپ.
ناخشىنىڭ كۈچى بىلەن،
سەنئەتنى مەن قالدىم سۆيۈپ.

ياشلىقىمدىن باشلىدىم،
سەنئەت سۆيەرلىك يولىنى.
چىڭ تۇتۇپ ئەل ئىشقىدا،
ئۇستازلىرىمنىڭ قولىنى.

ئۆتتى ئۆرلەشتە ئۆمۈر،
قالدى ھوسۇللۇق ئىزلىرىم.
شۇڭا دەيمەن زوقلىنىپ،
سەنئەت - ئۆمۈرلۈك دىلبىرىم.

### ئۆلمەيدۇ ئەجداد

كۆن نۇرى باقى جاھانغا،
تەڭرىتاغ باقى ئەبەد.
بۇ ھاياتنىڭ بەزمىسىگە،
خەلقىمىز ساقى ئەبەد.

ئات سېلىپ جەڭلەردە ئەجداد،
قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز،
يېگى بىر دەۋران ياراتتى،
يايرىدۇق گۈلشەندە بىز.

كۆن نۇرى ھەم تەڭرىتاغدەك،
بار ئۇلۇغ ئەجدادىمىز.
بىزدە بار ئىمكان، جاسارەت،
ياشنىغاي ئەۋلادىمىز.

## باغۋەن

**مەمتىمىن بارى**

بىر ئاددىي ئىنسان ئۇ كۆكسى-قارنى كەڭ،
پاكلىق ھەم ئۇلۇغلۇق مۇجەسسەم ئاڭا.
كۆڭلىنىڭ ئاقلىقى قەلبىدىن ئايان،
پەزىلەت بابىدا يېگانە دۇنيا.

قەلبلەر تۆرىدىن ئالغان ئۇ ئورۇن،
ئەڭ ئېغىر، شەرەپلىك بولغاچ خىزمىتى.
مەرىپەت يولىدا دۇردانە چېچىپ،
بىر ئۆمۈر چاپسىمۇ ھارمايدۇ ئېتى.

باغۋەن ئۇ كۆچەتنى پەرۋىش قىلغۇچى،
ئېزىتقۇ، خەتەردىن ئاسراپ تىنچ-ئامان.
گۆدەكلەر دىلىغا نۇرۇقلار چېچىپ،
كەلگۈسى ئۈچۈن ئۇ مول ئاساس سالغان.

## رۇبائىيلار

**ئىزىز سايىت**

ۋەتەن ئۇلۇغ، ۋەتەن مۇقەددەس،
يېتىلدىممەن ئۇندا زەبەردەس.
شۈكقار بولۇپ ئۆرلەيمەن مەڭگۈ،
ۋەتەن مېھرى قەلبىمدە پەۋەس.

× ×

ئىجتىھات كەمرىنى باغلىساڭ بەلگە.
يارامىلىق ئەۋلاد بوپ ياقىسەن ئەلگە.
ئەجرىڭدىن شان قۇچۇپ ئۆرلىسەڭ دائىم،
تۇغۇلغان دىيارنى ئورايسەن زەرگە.

× ×

ئىلىم سۆيگەن ئوقۇتقۇچىمەن،
سەبىي دىلنى يورۇتقۇچىمەن.
مۇنبىرىدە ئىلىم - ھېكمەتنىڭ
ھەقىقەتنى تونۇتقۇچىمەن.

× ×

ئىلىمگە باغلىساڭ چوڭقۇر ئىشتىياق.
قەلبىڭنى يورۇتار بولۇپ نۇر - چىراغ.
زېھنىمەي ئىزدىنىپ قىلساڭ تەپەككۇر،
ھاياتتا بىر ئۆمۈر تاپىسەن روناق.

× ×

ياشلىقنىڭ ئوغرىسى ھاۋايى - ھەۋەس،
بېرىلىپ ئۇنىڭغا بولما ھەمنەپەس.
ياشاشنىڭ مەنىسىن چۈشەنسەڭ پەقەت،
ئاشىدۇ چىن مېھرىڭ ھاياتقا پەۋەس.

× ×

كەمتەرلىك كىشىگە ئالىي پەزىلەت،
قوشىدۇ كىشىلىك ھاياتقا زىننەت.
ئەل بىلەن تەقدىرداش بولۇپ ياشىساڭ،
تاپىسەن مەڭگۈلۈك ئورۇن ۋە ھۆرمەت.

× ×

تىرناقچە شان قۇچۇپ غادايما ھەرگىز،
غادايساڭ ئەل - يۇرتقا بولمايسەن ئەزىز.
ئۇستاز تۇت ئەل - يۇرتنى ئۆمۈر بويى سەن،
شۇندىلا ھاياتىڭ ئۆتىدۇ لەزىز.

× ×

ئىگىلىسەڭ ئىلىم - ھېكمەتنى،
ئاتاقلار ساڭا نۇسرەتنى.
پۇشايمانغا قالمايمەن دېسەڭ،
ياشلىقىڭدا چىڭ تۇت پۇرسەتنى.

× ×

ياشلىق چېغىڭ ئالتۇندەك چېغىڭ،
لاۋۇلدىغان يالقۇندەك چېغىڭ.
ئەجرىڭدىن گۈل چەكسەڭ زېرىكمەي،
ياشنار گۈللەپ ھاياتلىق بېغىڭ.

# چېگرا رايوننىڭ مەدەنىيەت كارىدورى جانلانماقتا

— مەملىكەتلىك 5 - قېتىملىق «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى» قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر







سۈرەتلەرنى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان مۇخبىرىمىز مەمتىمىن ئوبۇل تەييارلىغان.
بۇ بەتنى مۇختەر ئەپرى لايىھىلىگەن


◇ مۇقام ئەۋجى

◇ مەكىت ناھىيىسىنىڭ قۇمقسار يېزىسىدىكى دېھقان رەسساملار ۋەكىللەرگە نەق مەيداندا رەسىم سىزىپ كۆرسەتمەكتە.

◇ شادلىق تەنتەنىسى

◇ قىيۇم باھاۋۇدۇن، مىجىت ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر يېزا مەدەنىيەت پونكىتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.







قاتارلىق رەھبەرلەر يېزا مەدەنىيەت سىزىپ كۆرسەتمەكتە.
پونكىتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە.

شادلىق تەنتەنىسى

# تەھرىردىن

«10 مىڭ قېتىملىق 5 - مەملىكەتلىك چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى»

قۇرۇلۇشى نەق مەيدان يىغىنى 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن 20 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدە چاقىرىلدى. بۇ يىغىن ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل چاقىرىلغان مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ يىغىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقان 18 مىنىستىرلىك، كومىتېت، تەشكىلاتنىڭ، 28 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرنىڭ 200 گە يېقىن ۋەكىلى قەشقەر شەھىرى، يېڭىسار، يەكەن، مەكىت، پوسكام ناھىيىلىرى، بىڭتۈەن يېزا ئىگىلىك 3 - شى 45 - تۈەن- مەيدانى، ئازادلىق ئارمىيە 36129 - قىسمى، غەربىي جەنۇبىي تارىم نېفىت چارلاش - ئۆزلەشتۈرۈش باش شىركىتى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، بۇ ئورۇنلارنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرى، ئاممىۋى مەدەنىيەت، ئاممىۋى تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى كۆزدىن كەچۈردى، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشتا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا ئىلھام بەردى. بۇ بېتىمىزدە بۇ يىغىننىڭ نەق مەيداندىن تارتىلغان بىر قىسىم كۆرۈنۈشىنى بەردۇق. بۇنىڭدىن مەقسەت يېقىندا چاقىرىلغان پارتىيە 14- نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6- ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش چاقىرىقىغا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، جايلارنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئىلھام بېرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىش. «10 مىڭ چاقىرىملىق چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشى» ئاپتونوم رايونىمىزدا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئىشىنىمىزكى، تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەيدىغان، ئەستايىدىل ئىزدىنىدىغان بولساق، چېگرا رايون مەدەنىيەت كارىدورى قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ ئۈزگىچە چىرايلىق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ، مەملىكىتىمىز بويىچە قانات يايدۇرۇلۇۋاتقان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايمىز.



قېيۇم باھاۋۇدۇن، مىجىت ناسىر قاتارلىق رەھبەرلەر ۋە ۋەكىللەر يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەقبەرىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا.




مەكىت ناھىيىسىنىڭ يانتاق يېزىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن 25- نۆۋەتلىك دېھقانلار سەنئەت بايرىمىدا ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان خەلق سەنئەتكارلىرى.




ۋەكىللەر پوسكام ناھىيىسىنىڭ تۇغچى يېزىسىدىكى تاجىك ئائىلىسى بىلەن تاجىكچە ئۇسسۇل ئوينىماقتا.



گازارمىدىكى مەدەنىيەت تۇرمۇشى.



دولانلىقلارنىڭ كۈچ سىنىشىش ئويۇنى ۋەكىللەرنى ھەيران قالدۇردى.



قوچقار سوقۇشتۇرۇش ۋەكىللەرنىڭ كۈچلۈك قىزىقىشىنى قوزغىدى.

